# تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىسلاھات تەپەككۇرى ۋە ئىسلاھات چارىسىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، قىسقا مۇددەتلىك تاقابىل تۇرۇش ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئويلىشىپ، ھەم ئىستراتېگىيە جەھەتتە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش، ھەم ئاچقۇچلۇق نۇقتىلاردا ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بايلىق تەقسىملەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئىسلاھاتنى، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئىسلاھاتنى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتۇشقا پايدىلىق ئىسلاھاتنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ سىستېمىلىق توپلىشىشى، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى كۈچەيتىپ، لاتقىلارنى تازىلاپ، توسۇقلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي ئۈنۈم ئېففېكتىنى قوزغىتىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى دۆلەتنىڭ رايونلار ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، ئەركىن سودا تەجرىبە رايونى قۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، شارائىتى بار رايونلاردا يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈش ئۈستىدە باشلامچىلىق بىلەن ئىزدىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىسلاھاتتا ئالدىن كۆرەرلىك تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، زىددىيەتنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، مۇقىمسىز، ئېنىقسىز ئامىللارغا تېخىمۇ پائال، ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، كۈرەش قىلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ، سىياسەت بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، تۈزۈمنىڭ كېڭىيىش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا «تاشقى سودىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»، «يېڭى دەۋردە ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنىڭ ئالىي مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»، «پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»، «تىببىي داۋالاش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تىببىي داۋالاش تەكشۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»، «تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىغا قارشى ئېقىمغا دۇچ كەلدى، يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق باش كۆتۈردى، بىز ھەرگىزمۇ قارشى شامال ۋە قايتما دولقۇن تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالماسلىقىمىز، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت ئۈنۈم ئېففېكتىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. تاشقى سودىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپ ھالىتى ۋە ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سودا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، تاشقى سودا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، سودىنى قولايلاشتۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تاشقى سودا تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئوتتۇرا، غەربىي قىسىملارنىڭ ئالىي مائارىپىنى گۈللەندۈرۈشتە، پارتىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تەرەققىيات يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماھىيەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مۇھىم، زور رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللىشىپ، جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ داشۆ قۇرۇپ، ئەۋزەللىك، خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەكتەپ باشقۇرۇش بايلىقىنى مۇجەسسەملەپ، مۇھىم ئامىللارنىڭ يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم ئالىي مائارىپىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك قوزغىتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىملارنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىگە ماس كېلىدىغان ئالىي مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مائارىپنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياخشى مائارىپ ئېكولوگىيەسى بەرپا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق خاراكتېرىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ياخشى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا، بىز ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش پىرىنسىپى بويىچە، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاشتا، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇردۇق، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردۇق، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش تەرتىپى، داۋالاش دورىلىرى ۋە ئېغىر ئاغرىقلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى تەڭشىدۇق، ئەلالاشتۇردۇق، داۋالىنىش سۈرئىتىنى باشقا جايدا دەرھال راسچوت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق، داۋالاش ـ سەھىيە سىستېمىسى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. كەڭ تىببىي خادىملار تىببىي ئەخلاق، تىببىي ئىستىلدا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئۆلچىمىنى چىڭىتىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى نامايان قىلدى. تىببىي داۋالاش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تىببىي داۋالاش تەكشۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىشنى تىببىي داۋالاش سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن باشلاپ، تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە تىببىي خادىملارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى زورايتىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىببىي داۋالاشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ھەرىكەت مېخانىزمى، مۇلازىمەت باھاسى، نەتىجە ـ ئۈنۈم تەقسىماتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىش خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شەھەرنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاممىنىڭ ئادەت يېتىلدۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش، تۈرگە ئايرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ياندۇرۇشما قوللاش سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن تۇتۇش قىلىپ، قانۇنچىللىقنى ئاساس قىلغان، ھۆكۈمەت تۈرتكە بولىدىغان، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىدىغان، شەھەر ـ يېزا بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرىدىغان ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ، ئىلمىي ئىدىيە تۇرغۇزۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، پۈتۈن زەنجىرلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇزاقتىن بۇيان چەكلەپ كېلىۋاتقان بەزى تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ، ئۇللۇق، ئاچقۇچلۇق تۈزۈلمىلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تۈزۈم رامكىسى ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى مۇھىم تۈزۈم تىرىكى بىلەن تەمىنلىدۇق. يەرنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، تېرىلغۇ يەر قىزىل چېكىدىن بۆسۈپ ئۆتمەسلىك، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تۆۋەن چەكنى قەتئىي ساقلاپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۆنىلىشنى مۇقىم ئىگىلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك. ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تەجرىبە يارىتىش كېرەك. يېزىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلارنىڭ يەر، مەبلەغ، ئىختىساسلىقلار، تېخنىكا قاتارلىق تۈرلۈك مۇھىم ئامىللىرىنى تەقسىملەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سىياسەتنىڭ دەللىكى، يۆنىلىشچانلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش يۆنىلىشىدىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈش يۆنىلىشىگە ئۆزگىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات سىستېمىسىنى توپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىپ، تۈرلۈك تۈزۈلمىلەرنىڭ ئۆزئارا جىپسىلىشىشى، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە پۇختا، ئېھتىياتچان بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمىنى ياخشى ئىگىلەپ، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي ھالدا ئىش بېجىرىش، خەلققە بەخت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، 2020 ـ يىلغا بارغاندا مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قورغاننىڭ ئۇلى پۈتتىلىنىپ، تۆۋرۈك ـ لىم تىكلىنىشتىن، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلىشقىچە، يەنە سىستېمىلىق توپلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشقىچە، يول بويى تېز ھەم پۇختا قەدەم ئېلىنىپ، جاسارەت ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا يېڭى بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئورۇندىشى كېرەك. پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش، باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خۇلاسىلەش، باھالاشنى «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىسلاھات تەپەككۇر يولىنى پىلانلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجىلەر ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن كۈچ توپلاش كېرەك.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى

# مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئىلمىي تەدبىر يۈرگۈزۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداش كېرەك

**ئىختىيارىي مۇخبىر خۇاڭ ۋېنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش شارائىتىدا پۈتۈن يىللىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداش كونكرېت تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەركەز مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇپ، ساقلانغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسراش مەسىلىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە «سكانىېرلاپ»، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق بايقاپ، «بىر دېلونى قوش تەكشۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە كەسكىن ھالدا جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىققا تارتىپ، تۈزىتىش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قەرەلدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى سىياسىي نازارەتچىلىكنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇشى؛ «ئۈچ تۈرلۈك ئىسلاھات»نى ياخشى تۇتۇپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ئىزچىل ئىز قوغلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈرمۇتۈر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى؛ «تۆت خاھىش»نى تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىستىلنى ياخشىلاش ئارقىلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ دېلونى تەكشۈرۈپ بېجىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، چۆچۈتۈش دائىملىق بولۇش، «ئارقا تام» چىڭ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى؛ بارلىق خادىملارنى تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشنى كەسىپ تىرىكى بىلەن تەمىنلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 94 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىدا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بويىچە يىللىق تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قېزىلما بايلىق تۆلەم تولۇقلىمىسى خىراجىتىنى ئىشلىتىش، باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»گە قوشۇلۇش توغرىسىدىكى ئالاقە قاتارلىق تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا چېتىلىدىغان مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەت ۋە باشقا سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن 13 پارچىنى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقىتىلغان كۈندىن باشلاپ، يۇقىرىقى ھۆججەتلەر مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىنمايدۇ.

بۇ ھۆججەتلەر ئىچىدە، قېزىلما بايلىق ئېچىشنى باشقۇرۇش ھەمدە كاربون قويۇپ بېرىش ھوقۇقى سودا ئاپپاراتى تەستىقلاشقا چېتىلىدىغىنى يەتتە پارچە؛ سىرتقا چىققان ياكى سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچى خادىملاردىن ھەق ئېلىش تۈرىگە چېتىلىدىغىنى بىر پارچە؛ قىسمەن ساھەلەرنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىشقا چېتىلىدىغىنى بىر پارچە؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا چېتىلىدىغىنى بىر پارچە؛ جەمئىيەت ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغىنى بىر پارچە؛ جابدۇق ياسىمىچىلىق تەرەققىياتىغا چېتىلىدىغىنى بىر پارچە؛ يۇمشاق دېتال ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىگە چېتىلىدىغىنى بىر پارچە.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار ئىجازىتىدە پاسسىپ تىزىملىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەمۇرىي تەستىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»، «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش» ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، باج كېمەيتىش، ھەق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش، گاز ئىشلىتىش، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغاتتى؛ قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە كانچىلىق ھوقۇقىنى ھەقلىق بېرىش، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈك ھوقۇقى سودىسى، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش قاتارلىق ئاممىۋى بايلىق سودا سۇپىلىرىنى بىرىكتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سودا مۇندەرىجىسى تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، ئاممىۋى بايلىق ئاشكارا سودىسىغا تۈرتكە بولدى؛ يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلار پۇقراۋى كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كارخانىچىلارنىڭ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلىشىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىلھام بېرىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان ياخشى كەيپىيات ياراتتى.